ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

# ھەرقايسى جايلار ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئۈزۈلمەس ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى

ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرەيلى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز رايىدە

تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاش، مۇلازىمەت سۈپىتى قۇرۇش، سىياسەت مەددىتى بىلەن تەمىنلەش... ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار بۇ يىل ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، مۇلازىمەتنى ئۈزۈپ قويماسلىق، ياردەم بېرىش - يۆلەش تېخىمۇ دەل جايىدا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

## تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاش دائىملىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش

«شىياۋسۇ ياخشىمۇسىز، ھازىر خىزمىتىڭىز ئوڭۇشلۇقمۇ؟ بىرەر قىيىنچىلىق بارمۇ؟»دەپ سورىدى 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئەتىگەندە، مەكىت ناھىيەسى مەكىت بازىرى دولان مەھەللىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى گاۋ شىياۋچىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى سۇبىھنۇر ياقۇپقا تېلېفون قىلىپ.

گاۋ شىياۋچىڭ مۇنداق دېدى: ھازىر تەۋەلىكىمىزدىكى بۇ يىل ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئىشقا ئورۇنلاشتى، سۇبىھنۇر شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى. «بۇ يىل شىخەنزە داشۆنى پۈتكۈزۈپ ئۆيگە قايتىپلا، ئۇ بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇددىئاسىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن، بىز ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ مەكىت ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇپ بەردۇق. بىز قەرەلسىز ھالدا ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇشتا يولۇققان مەسىلىلىرىنى ئىگىلەپ تۇرىمىز» دېدى گاۋ شىياۋچىڭ.

قەشقەر ۋىلايىتى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا دەل جايىدا ياردەم بېرىش - يۆلەش ئۈچۈن، مەھەللە (كەنت)نى بىرلىك قىلىپ، «تۈنجى بېكەتتە تىزىمغا ئالدۇرۇش مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى»، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئىشقا ئورۇنلاشالمىغان ئوقۇغۇچىلارغا مۇلازىمەت قىلىش، باشقۇرۇشتا ھەققىي ئىسىم تۈزۈمى بويىچە تىزىملىك دەپتىرى تۇرغۇزۇشنى يولغا قويدى.

«شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز يەنە ھەرقايسى مەھەللە (كەنت)لەردىن ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار، نۆل ئىشقا ئورۇنلاشقان ئائىلىلەردىكى ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار، تۆۋەن كاپالەتلىك ئائىلىلەردىكى ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇش پۈتكۈزگەن مېيىپ ئوقۇغۇچىلار قاتارلىقلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆيۈنۈپ، ئۇلارغا «بىرگە بىر» ياردەم بېرىش - يۆلەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىمكانقەدەر تېزرەك ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئىگىلىك تىكلىشىگە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدۇق» دېدى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، تەربىيەلەش - ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى چاڭ گۇاڭ.

ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىي ئۇچۇرى، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش مۇددىئاسى - ئېھتىياجى قاتارلىقلارنى توغرا ئىگىلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار ھەركەت ھالىتىدە كۆزىتىش، دەل جايىدا پەرقلەندۈرۈش، دائىملىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، ئىنچىكە باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، تۈرلۈك ئۇچۇر، سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ھەققىي، مۇكەممەل، بىردەك بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى.

بۇ يىل، تۇرپان شەھىرىدە 4000دىن ئارتۇق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈشى مۆلچەرلەنگەن بولۇپ، بۇلتۇرقىدىن 300دىن ئارتۇقى كۆپەيگەن. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمى ئالدىدا، تۇرپان شەھىرىدىكى ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت، مائارىپ قاتارلىق تارماقلار ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىپ، ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېگى - تەكتى، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالى قاتارلىق ئاساسىي ئەھۋاللىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېنىقلاپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئادەم ئىشلىتىشتىكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەشنى ئاساسىي سانلىق مەلۇمات تىرەكى بىلەن تەمىنلىدى.

«5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا بىز ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار مۇلازىمەت خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان. ھازىر مەن ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسىنى ئىگىلەپ، ‹بىر ئادەمگە بىر تەدبىر بولۇش› تىزىملىك دەپتىرى شەكىللەندۈرۈپ، ئادەم بىلەن ئىش ئورنىنى ماسلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇۋاتىمەن» دېدى تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونى كوناشەھەر يولى كوچا باشقارمىسى چۈنشۇ يولى مەھەللىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى لىيۇ يۈك.

## سۇپا قۇرۇش ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش

«ئوقۇش پۈتكۈزۈشكە ئاز قالغاندا، مەكتەپ نۇرغۇن ئىش ئورنىنى ئۇدۇللاشتۇرۇپ بىزنىڭ تاللىشىمىزغا سۇندى.» 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئاقسۇ كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى تېببىي شىسنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى چېڭ شۆيۈبىڭنىڭ ئېيتىشىچە، مەكتەپ قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ياردىمىدە، ئۇ ئاقسۇ شەھىرى يېڭىشەھەر كوچا ئىش باشقارمىسى مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزىدە خىزمەت قىلىۋېتىپتۇ.

بۇ يىل ئاقسۇ ۋىلايىتىنى ئوقۇغۇچى مەنبەسى قىلغان ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى 14 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇلتۇرقىدىن 4000 دىن ئارتۇق كۆپىيىپ، تارىختىكى يېڭى پەللە يارىتىلغان. بۇ ۋىلايەتنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئىشقا ئورۇنلاشالمىغان ئوقۇغۇچىلارغا نۇقتىلىق ياردەم بېرىپ - يۆلەپ، تۈرلۈك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش ئورنىدىن 11 مىڭدىن كۆپرەكنى قېزىپ چىقتى.

«بىز سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، سۇپا قۇرۇش قاتارلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ تېزدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بەردۇق» دېدى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ يۈنفېڭ.

«10 مىليون ئىش ئورنىغا توردا تەكلىپ قىلىش 100 كۈنلۈك مەخسۇس ھەرىكىتى»نى قانات يايدۇرۇپ، «2020 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار تور ‹بۇلۇت تەكلىپ قىلىش› پائالىيىتى»، پۇقراۋى كارخانىلار تەكلىپ قىلىش ئېيى پائالىيىتى قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزۈپ، ھەرقايسى جايلار كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورنى ۋە ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلىدى.

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەر بەس - بەستە توردا تەكلىپ قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يېتەكچىلىكى بىلەن تەمىنلەش قاتارلىقلار ئارقىلىق، ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا مۇلازىمەت قىلىدىغان تۈرلۈك خىزمەتلەرنى كۈچەپ قانات يايدۇردى. نۆۋەتتە، بۇ ۋىلايەت ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى 7000 دىن ئارتۇق ئىش ئورنى ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلىدى، 6700 ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق كەسپىي يېتەكچىلىك قىلدى، 6800 ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق سىياسەتنى چۈشەندۈردى، 4300 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئارخىپىنى ھاۋالىلىك باشقۇردى.

## تۈگۈننى توغرا تېپىش نۇقتىلىق ياردەم بېرىش - يۆلەش

«ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بۇ يىل كەنت ئۈچ كارخانىنى كىرگۈزدى، ھازىر بۇ ئۈچ كارخانىنىڭ تەكلىپ قىلىش خىزمىتى ئىشلىنىۋاتىدۇ» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىدىن يېڭىسار ناھىيەسى يېڭىسار بازىرى قاراقۇز كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1-شۇجى خەن گولۇ.

سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، ھۆددىگە ئالغان كادىرلار ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، بۇ كەنت ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالى، ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇددىئاسىنى ئېنىقلىدى.

«كەنتىمىز ئېغىر نامرات كەنت، ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇرتىغا قايتىپ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىش - ئورۇنلىشالماسلىقى بىز ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە. بۇ يىل بىز كىرگۈزگەن سامساق تابلىتى تەييار مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش كارخانىسى 50 خىزمەت ئورنى بىلەن تەمىنلىدى، كەنتتىكى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار ئالدىن قوبۇل قىلىنىدۇ» دېدى خەن گولۇ.

ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئىشقا ئورۇنلاشالمىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشالماسلىق سەۋەبى ۋە خىزمەت ئىزدەش جەريانىدا ساقلانغان قىيىنچىلىقلىرىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنى «بىرگە بىر» ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يېتەكچىلىكى بىلەن تەمىنلەش، دەل جايىدا ياردەم بېرىش - يۆلەش ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە مۇلازىمەت قىلىشىدىكى مۇھىم مەزمۇن.

«مېنىڭ ئىزچىل مەدەنىيەت ئىجادىيىتى دۇكىنى ئاچقۇم بار ئىدى، لېكىن مەبلەغ ۋە تەجرىبەم كەمچىل. بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى ۋېيشىندا ناھىيەنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئېتىبار سىياسەتلىرىنىڭ ماڭا كۆپ ياردىمى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئىككى كۈندىن بۇيان ئۇدۇللاشتۇرۇشنى باشلىدىم» دېدى 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ساۋەن ناھىيەسى سەندوخوزا بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى ۋاڭ تىڭيۈ.

ساۋەن ناھىيەلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى جاڭ شىنجۇڭ مۇنداق دېدى: «ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، ناھىيە ئۇلارنى كەسپىي جەھەتتىن ھەقسىز يېتەكلەش، كەسىپ تونۇشتۇرۇش قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلىدى، يەنە ساۋەن ناھىيەسىدە روېخەتكە ئالدۇرغان كارخانىلار بۇ يىل ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلسا ھەمدە بىر يىلدىن يۇقىرى ئەمگەك توختامى ئىمزالىسا، قوبۇل قىلغان بىر ئادەم ئۈچۈن 1000 يۈەن تولۇقلىما بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويدى» دېدى جاڭ شىنجۇڭ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

تىرىشىپ پۈتۈن يەر شارىغا يۈزلەنگەن، ئېچىۋېتىلگەن، ھەمبەھىرلىنىدىغان سانائەت دەرىجىسىدىكى تۆۋەن كاربونلۇق مېتاللورگىيەدە يېڭىلىق يارىتىش بازىسى بەرپا قىلىپ، پۈتۈن يەر شارىۋى پولات - تۆمۈر كەسپىنى پولات - تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يېشىل، تۆۋەن كاربونلاشقان ئالدىنقى قاتاردىكى تېخنىكىسى ھەم ئەمەلىي قوللىنىش ئۈستىدە ئىزدىنىش بىلەن تەمىنلىگەن.

بۇ يىل 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئوكسىگېن دومنا پېچى قۇرۇلۇشى تورىدە ئىش باشلاندى، قۇرۇلۇش جەريانىدا، قۇرۇلۇش قىلغۇچىلار يۇقۇمنىڭ تەسىرى، قۇرۇلۇش مۇددىتى جىددىي بولۇش، ۋەزىپە مۈشكۈل، ئېغىر بولۇش قاتارلىق كۆپلىگەن قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۈرنى ئۆزگەرتىش، قۇرۇش، ئىش باشلاش ھەمدە يەككە گەۋدە ۋە سىستېما بويىچە تەڭشەشنى ئومۇمىيۈزلۈك تاماملىدى. بۇ قېتىمقى ئوكسىگېن دومنا پېچىغا ئوت يېقىش ئوكسىگېن دومنا پېچىنىڭ قۇرۇش مەزگىلىدىن رەسمىي ئىشلىتىلىش مەزگىلىگە كىرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى.

ئوكسىگېن دومنا پېچى تېخنىك خادىملىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، كېيىنكى باسقۇچتا، ئوكسىگېن دومنا پېچىدا تۆمۈر داشقىلى چىقىرىش، پېچنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىش، كىرىمنى مىقدارىنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق پېچنىڭ دائىملىق مەشغۇلاتلىرىنى تاماملىغاندىن باشقا، پىلان بويىچە ئوخشاش بولمىغان ئوكسىگېننى تەڭشەش نىسبىتى، ئوخشاش بولمىغان ماتېرىياللارنى تەڭشەش نىسبىتى بويىچە تۆۋەن كاربونلۇق مېتاللورگىيە سىنىقى ئۈستىدە تەدرىجىي ئىزدىنىشكە باشلاپ، «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر چەكلىك شىركىتىگە خاس تۆۋەن كاربونلۇق مېتاللورگىيەدە يېڭىلىق يارىتىش يولى رەسمىي ئېچىلىدىكەن. ئوكسىگېن دومنا پېچىنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق سانائەت سىنىقىدا ئۈچ، تۆت ئاي ئىچىدە ئەنئەنىۋى دومنا پېچىنىڭ مول ئوكسىگېن چېكىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، 35%لىك يۇقىرى مول ئوكسىگېنلىق مېتال تاۋلاش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش پىلانلانغان. ئىككىنچى باسقۇچتا كاربون (IV) ئوكسىدىنى چىقىرىۋېتىش كىرگۈزۈلۈپ، ئۈچ ئايدىن تۆت ئايغىچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ كۆمۈر گازىنىڭ ئايلىنىش تېخنولوگىيەلىك تەرتىپى راۋانلاشتۇرۇلۇپ، 50%لىك ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى مول ئوكسىگېنلىق بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلىدىكەن. كېيىنكى مەزگىلدە، سىناق سۈپىسىدا ئوكسىگېن دومنا پېچى چوققىسىدا كۆمۈر گازىنى ئايلاندۇرۇش ۋە تولۇق ئوكسىگېنلىق تاۋلاش تاماملىنىدىكەن، يەنە مول ھىدروگېنلىق مېتاللورگىيە سانائىتى سىنىقى قانات يايدۇرۇلىدىكەن.

كېيىنكى قەدەمدە، ئوكسىگېن دومنا پېچى سىناق كوللېكتىپى ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش، تەتقىق قىلىپ ئېچىش ئارقىلىق، دۇنيادىكى يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق مېتاللورگىيە تېخنىكىسى، تېخنولوگىيەسىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھۇجۇم قىلىپ ھەل قىلىپ، جۇڭگو باۋۇ گۇرۇھىنىڭ پولات - تۆمۈر كەسپىدە يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىيات ئېكولوگىيە چەمبىرىكى قۇرۇشقا تۆھپە قوشىدۇ.

---

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆپ جاي ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرىنى يېزىلارغا كىرگۈزۈش بويىچە دۆلەت دەرىجىلىك ئۈنىۋېرسال ئۈلگە كۆرسىتىدىغان ناھىيەلەر قاتارىغا تاللاندى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۇنىڭغا تۈرتكە بولۇپ، يېزا ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى خىزمىتىگە ئورتاق قاتنىششقا ئىلھاملاندۇردى. مەركەز مالىيە مەبلىغى ناھىيە، يېزا، كەنت ئۈچ دەرىجىلىك ئەشيا ئوبوروتى تەقسىملەپ يەتكۈزۈش سىستېمىسى، يېزا ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى بويىچە تەربىيەلەش سىستېمىسى قاتارلىق تەرەپلەردە نۇقتىلىق قوللايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز سانائەت بۇيۇملىرىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى شەھەرلەرگە كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت قوش يۆنىلىشلىك ئوبوروت سىستېمىسىنى پائال تاكامۇللاشتۇرۇپ، بىر تۈركۈم يەرلىك يېزا ئېلېكترونلۇق سودا سۇبيېكتلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئېلېكترونلۇق سودا سۈپەتلىك ماركىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، نامرات رايونلارنىڭ ئېلېكترونلۇق سودىنى قوللىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا ئېلېكترونلۇق سودىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۈنۈملۈك قوزغاتتى. ئۈچىنچى تەرەپ چوڭ سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە: 2019 - يىلى شىنجاڭنىڭ تور سودا سوممىسى 219 مىليارد 587 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 16.76% ئېشىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن 5.26 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولغان؛ توردا پارچە سېتىش سوممىسى 37 مىليارد 170 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 25.29% ئاشقان.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرىنى يېزىلارغا كىرگۈزۈش بويىچە ئۈنىۋېرسال ئۈلگە كۆرسىتىدىغان ناھىيە تۈرىنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، يەرلىكنىڭ ئەلا سۈپەتلىك، خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سۈپەتلىك ماركىلىرىنىڭ يارىتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا ئۈنۈملۈك ياردەم بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشىدۇ.

# يەتتە مو كۆكتاتلىق ئاكا - ئۇكا مېھرىگە گۇۋاھ بولدى

(بېشى 1 - بەتتە)

دائىم ئۇنىڭ ئېتىزىغا بېرىپ ئىشلەيتتىم. ئۇ چاغلاردا ئائىلىمىزدە بەش تۇياق كالا باققاندۇق، مەن دائىم ۋاڭ فۇشېڭنىڭ كۆكتاتلىقىغا بېرىپ ئوت - چۆپ ئورۇپ كېلىپ كالىغا بېرەتتىم. ۋاقىت ئۆزارىغانسېرى ئۆزئارا تېخىمۇ پىششىق تونۇشلاردىن بولۇپ كەتتۇق، ھېسسىياتىمىزمۇ چوڭقۇرلاشتى».

2010 - يىلىنىڭ بىر كۈنى، ئابلەت ئادەتتىكىگە ئوخشاش ئوت - چۆپ ئورۇغىلى بېرىپ، ۋاڭ فۇشېڭنىڭ كۆڭلىنىڭ پاراكەندە ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

«مەن ھۆددىگە ئالغان بۇ 12 مو كۆكتاتلىقنىڭ مۇددىتى توشاي دەپ قالدى، كېيىن قانداق قىلسام بولار؟» دېدى ۋاڭ فۇشېڭ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

«ئۇكام، ئائىلىمىزنىڭ يەتتە مو يېرى بار، يىراق كۆرمىسىڭىز بېرىپ تېرىسىڭىز بولىدۇ، ئۆتكىلى بولمايدىغان ئۆتكەل يوق» دېدى ئابلەت ۋاڭ فۇشېڭنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ.

دەسلەپتە ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىر مو يەرنىڭ ھۆددە ھەققىنى 350 يۈەن قىلىپ بېكىتتى، ئەمما كېيىن ئابلەت ئويىنى ئۆزگەرتىپ، يەتتە مو يەرنى ۋاڭ فۇشېڭنىڭ ھەقسىز تېرىشىغا بېرىشنى قارار قىلدى. شۇنداق قىلىپ، 2011 - يىلدىن ھازىرغىچە، ۋاڭ فۇشېڭ ئابلەت ئائىلىسىنىڭ يەتتە مو يېرىنى ئىزچىل ھەقسىز ئىشلىتىپ كۆكتات تېرىدى.

«ئۇنىڭ ئۆيىدە ياشىنىپ قالغان ئاتا - ئانىسى، كىچىك بالىسى بار، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ بۇ يەردە تايىنىدىغان ھېچقانداق يۆلەنچۈكى يوق، قىيىنچىلىقى مېنىڭدىن كۆپرەك، ھەممىمىز ياخشى ئاكا - ئۇكىلار، ياردەم قىلغۇدەكلا بولسا ياردەم قىلىمەن» دېدى ئابلەت. شۇنداق قىلىپلا قالماي، ۋاڭ فۇشېڭنىڭ ئۆيىنىڭ يىراق، تېرىقچىلىق مەزگىلىدە بېرىپ - كېلىشنىڭ قولايسىز ئىكەنلىكىنى ئويلىشىپ، ئابلەت يەنە پۇل ۋە كۈچ چىقىرىپ، ۋاڭ فۇشېڭغا ياردەم بېرىپ كۆكتاتلىقنىڭ يېنىغا بىر ئېغىز كىچىك ئۆي سېلىپ، بىر قۇدۇق قېزىپ، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى.

«بۇ يەتتە مو يەر ئائىلىمىزنى مۇقىم كىرىم مەنبەسىگە ئىگە قىلدى» دېدى ۋاڭ فۇشېڭ. ئۇ قەلبىگە مىننەتدارلىقنى پۈكۈپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئابلەت ئائىلىسىنىڭ بىرنەچچە تۇياق كالىسىغا ياردەم قىلىپ قاراپ بەردى، ۋاقتىدا سۇ، ئوت - چۆپ بېرىشنى كۈندە ئۈزۈلدۈرمىدى.

بىر نەچچە يىل ئىلگىرى، ئابلەتنىڭ ئۆيى كۆچۈرۈلۈپ، بىر ئائىلە كىشىلىرى بورتالا شەھىرىگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتى، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن شەھەر رايونىدىن خىزمەت تاپتى. گەرچە ئارىلىق يىراق بولسىمۇ، لېكىن ئىككى ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئالاقىسىگە تەسىر يەتمىدى. ئابلەت بىكار بولسىلا ۋاڭ فۇشېڭنى ئىزدەپ باراتتى، ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن ئېتىزدا ئوت - چۆپ ئوتاپ، كۆكتات ئۈزۈپ، ئائىلە ئىشلىرى توغرىسىدا مۇڭدىشاتتى. ئادەتتە ئابلەتنىڭ ئۆيىدە ياخشى تاماقلار ئېتىلسە، ۋاڭ فۇشېڭ بىر ئائىلە كىشىلىرىنى چاقىراتتى. ھېيت - بايراملاردا، ۋاڭ فۇشېڭمۇ ئابلەتنىڭ بالىلىرىغا خوشباۋ بېرەتتى، ئىككى ئائىلە كىشىلىرى سەممىي مۇئامىلە قىلىشىپ، مۇناسىۋىتى بارغانسېرى يېقىنلىشىپ، خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ كەتتى.

«بۇ يەردە ئىش بولسا ئابلەت بىرىنچى بولۇپ كېلىپ ماڭا ياردەم قىلىدۇ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى بۇزۇلۇپ قالسا ماڭا ياردەم قىلىپ رېمونت قىلىشىپ بېرىدۇ، ئازراق ۋاقتى بولسىلا كېلىپ ماڭا ياردەملىشىپ ئېتىزدا ئوت ئوتۇشۇپ بېرىدۇ، دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىلىدە ئۇ يەنە تاماقنى ئېتىز بېشىغىچە ئەكېلىپ بېرىدۇ، ئۇ مېنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىمغا ئوخشاش» دېدى ۋاڭ فۇشېڭ.

گەرچە ھازىر كەنتتىكى ھەر مو يەرنىڭ بىر يىللىق ھۆددە ھەققى 600 يۈەنگە ئۆسكەن بولسىمۇ، ئابلەت يەنىلا يەرنى ۋاڭ فۇشېڭنىڭ ھەقسىز تېرىشىغا بېرىشتە چىڭ تۇردى. «بىز ئىككىمىز بىر يىل، بىر ئايدا تۇغۇلغان، رىشتىمىز چىڭ باغلانغان، پەقەت ۋاڭ فۇشېڭنىڭ تېرىغۇسى كەلمەي قالمىسىلا، بۇنىڭدىن كېيىن مەن يەرنى ئىزچىل ۋاڭ فۇشېڭنىڭ ھەقسىز تېرىشىغا بېرىمەن، قېرىنداشلىق مېھرىدىنمۇ مۇھىم نەرسە يوق» دېدى ئابلەت.